# ئاللاھ تائالا يەھۇدى، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن! ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالدى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا يەھۇدى، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن! ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالدى. ئەگەر يۇقارقى ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىنمىسا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ قەۋرىسىنى ئېگىز قىلاتتى، لېكىن ئۇلار قەبرىنى مەسچىت قىلىنىشىدىن ئەندىشە قىلغان
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى بەندىلىرىگە تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۇ تەۋھىد ئىشلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۈممىتىنى شېرىك ئەقىدىلەرگە ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق ئىشلاردىن قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنى ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسىلىدە باققان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا يېنىدا ئىدى. ئائىشە شۇنداق دەيدۇكى، رەسۇلۇللاھ شۇنداق كېسەل ھالىتىدە قەبرىسىنىڭ كېيىنچە مەسچىت قىلىنىپ، ئۈممىتى ئاللاھ تائالانى قويۇپ قەبرىسىگە ئىبادەت قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن، شۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن بايان قىلىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا يەھۇدى، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن! ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىسىنى مەسچىت قىلىۋالدى. بۇ سۆز بىلەن ئۇلارغا بەد دۇئا قىلدى، ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا لەنەت قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ئىش رەسۇلۇللاھنىڭ ئاخىرقى ھاياتىدا بولغانلىقتىن ئۇنىڭ مەنسۇخ بولمىغانلىقى ئېنىق. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى بۇ ئىشتىن ئاگاھلاندۇردى، ئۇلار مەقسەتنى چۈشەنگەنلىكتىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك جەسىتىنى ئائىشە ئانىمىزنىڭ ھۇجرىسىغا قويغان ۋە ھېچبىر ساھابە ياكى تابىئىنلارنىڭ ئۇ قەبرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ناماز ئوقۇغان ۋە ياكى دۇئا قىلغانلىقى نەقىل قىلىنمىدى. ھەتتا سۈننەت ئورنىغا بىدئەتنى چىقىرىۋالغان، قەبرىلەرنى ئۇلۇغلايدىغان زامانلاردىمۇ بىر بىدئەتچىنىڭ بۇ مۇبارەك قەبرە قېشىغا كېلىپ ناماز ئوقۇۇشى مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنىڭ قەبرىسىنى مۇستەھكەم ئۈچ پاسىل بىلەن ئىبادەت قىلىنىش ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلاپ قالغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5379